# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 5 ـ ئاي
5
سەيشەنبە
维吾尔文 5 月5日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  25052 ـ سان  بۈگۈن 4 بەت


# ياشلىق نۇرىنى دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش يولىدا چاقنىتىش

## —— باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئىلھاملاندۇرۇش سۆزىدىن يېڭى دەۋردىكى ياشلارنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە نەزەر

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى ۋاڭ پېڭ، ۋاڭ سىبېي، ۋاڭ زىمىڭ

«يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرى «4 ـ ماي» روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، غايە ـ ئېتىقادنى چىڭ تۇتۇپ، خەلقنىڭ مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، كۈچلۈك قابىلىيەتنى تاۋلاپ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىغا ئاتلىنىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئالغا ئىلگىرىلەش ھالىتىنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ، يۈز مىليونلىغان خەلق بىلەن بىرلىكتە، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى ئۇزۇن سەپىرى يولىدا باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشى كېرەك».

«4 ـ ماي» ياشلار بايرىمى يېتىپ كەلگەن پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر ياشلىرىغا ئىلھاملاندۇرۇش سۆزى يوللاپ، كەڭ ياشلارغا نىشان ـ تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى، ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۆرلۈك خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتايلى

## تەرتىپنى ئەلالاشتۇرۇپ تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش    يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش

# جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ قاتنىشىدا ئۇدا ئۆرلەش ۋەزىيىتى شەكىللەندى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش . خىرىس ئىچىدىن پۇرسەت ئىزدەش

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چېن چياڭۋېي

خەۋەر قىلىدۇ: 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، «جېڭجوۇ ـ شىنجاڭ ـ ياۋروپا» جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئون توننىدىن ئارتۇق ئېغىرلىقتىكى پوچتا پوسۇلكىسىنى قاچىلاپ ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىقتى، بۇ تۈركۈم پوچتا پوسۇلكىسى پولشاغا توشۇلىدۇ. يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى جۇڭگو ـ ياۋروپا، جۇڭگو ـ ئوتتۇرا ئاسىيا تەمىنلەش زەنجىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان مۇھىم ترانسپورت شەكلىگە ئايلىنىپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا، جۇڭگو ـ ئوتتۇرا ئاسىياغا ئۈزۈلۈكسىز ھالدا مۇھىم ماددىي ئەشيالارنى يەتكۈزمەكتە.

ئۈرۈمچى تاموژنىسىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل 1 ـ پەسىلدە، ئۈرۈمچى تاموژنىسى چېگرادىن كىرگەن ـ چىققان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن 1482 قېتىمنى نازارەت قىلىپ باشقۇرغان بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 7.39% ئاشقان؛ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىكى 1 مىليون 24 مىڭ 200 تونна مالنى نازارەت قىلىپ باشقۇرغان بولۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 45.09% ئاشقان.

«1 ـ پەسىلدە، دېڭىز ترانسپورتى، ھاۋا ترانسپورتى ۋە تاشيول ترانسپورتىنىڭ يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى بىرقەدەر زور بولۇپ، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ئورنىنى ئېلىش ئېففېكتى كۆرۈنەرلىك بولدى. ھازىر، شىنجاڭدىكى پورتلار ئارقىلىق چېگرادىن كىرىدىغان ـ چىقىدىغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قاتنايدىغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئومۇمىي مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 70%نى ئىگىلەيدۇ.» دېدى ئۈرۈمچى تاموژنىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇدىرى سۇن چېنمىڭ.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، شىنجاڭدىكى پورتلار ئارقىلىق چېگرادىن چىقىدىغان ـ كىرىدىغان جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ سانى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، ھەم نۇرغۇن تاشقى سودا يېڭى كەسىپ ھالىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، مەلۇم خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتى مۇلازىمىتى سودىگىرى ئۈندىدار دوستلار چەمبىرىكىدە بىر خۇش خەۋەر چىقاردى: «جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئادەتتىن تاشقىرى ئالدىراش ۋاقىتتا، بىز جۇڭگو دۇڭگۇەندىن بېلگىيەنىڭ لىيېژىغا بىرىنچى ‹ئامباردىن ئامبارغا› 16+1 كۈنلۈك پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ تېز نەتىجىنى قولغا كەلتۈردۇق.» بۇ جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى دەل ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق چېگرادىن چىققان.

«دۆلەت ئىچىدىكى چېگرا ھالقىغان بىرقانچە داڭلىق ئېلېكترونلۇق سودا خەلقئارا ئەشيا ئوبوروتىدىكى ھەمكارلاشقۇچى تەرەپ بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، ھازىر بىزنىڭ چېگرا ھالقىيدىغان بارلىق ئېلېكترونلۇق سودا پوسۇلكىلىرىمىز ئاساسەن ئالاتاۋ پورتى ئارقىلىق جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىغا قاچىلىنىپ چېگرادىن چىقىرىلىدۇ» دېدى بۇ كارخانىنىڭ مەسئۇلى. بۇ كارخانا ئالدى بىلەن ئاپتوموبىل ئارقىلىق چېگرا ھالقىيدىغان پوسۇلكىلارنى ئىچكىرى رايونلاردىن ئالاتاۋ پورتىغا توشۇپ كېلىدۇ. پورتتا تاموژنىغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئارقىلىق ياۋروپاغا توشۇلىدۇ. بۇ خىل تاشيول ـ تۆمۈريولدا بىرلىشىپ توشۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ چېگرا ھالقىيدىغان پوسۇلكىلارنى توشۇغاندا، كېتىدىغان ۋاقىت دېڭىز ترانسپورتىنىڭكىدىن بىر ھەسسە تېز بولىدۇ ھەم يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى تەننەرخى ئاۋىياتسىيە ترانسپورتىنىڭكىدىن 70%كە يېقىن تۆۋەنلەيدۇ.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش

شور مەھەللە كەنتى ——

## ياخشى تۈرلەرنى تۇتتى  كىرىمنى ئاشۇرۇش يولىنى كۆپەيتتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ياڭ شۇخەن ئىختىيارىي مۇخبىر چېن خۇيجۈن

«بۇلتۇر خىزمەت ئەترەتىدىكىلەر مېنى ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا ئەگىشىپ ياغيۇ تېرىشقا دەۋەت قىلغانىدى، مەن بىر مو يەرگە تېرىپ سىناپ بېقىپ 1000 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپتىم، بۇ يىل چوقۇم كۆپرەك تېرىيمەن» دېدى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى باي ناھىيەسىنىڭ سايرام بازىرى شور مەھەللە كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئايگۈل ئابلا خىزمەت ئەترەتىدىكىلەرنى ماختاپ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ شور مەھەللە كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇشىغا ياردەم بېرىش، نامراتلارنى يۆلەش زاۋۇتى قۇرۇش، ئىگىلىك تىكلىشكە ئىلھام بېرىش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتتى. 2019 ـ يىلى 9 ـ ئايدا پۈتۈن كەنتتىكى بارلىق نامرات ئائىلە نامراتلىقتىن قۇتۇلدى.

### ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ ئالتۇن قېزىش

ئايگۈل ئېيتقان ھەمكارلىق كوپېراتىپى 2018 ـ يىلى كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى كەنت «ئىككى كومىتېت»ى بىلەن بىرلىكتە قۇرغان فۇلى يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى تېرىقچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئىدى. «بۇ جاينىڭ تۇپرىقى، سۇ مەنبەسى، كلىمات مۇھىتىغا ئاساسەن، بىز كەنتنىڭ ياغيۇ تېرىش كۆلىمىنى پىلانلىق ھالدا مۇۋاپىق كېڭەيتىشنى قارار قىلدۇق.» كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، 1 ـ شۇجى لىيۇ گاڭ مۇنداق دېدى: «زاكاز + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + دېھقان ئائىلىسى» شەكلىنى قوللىنىش ئارقىلىق زاكازلىق تېرىقچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇردۇق. تېرىقچىلىق ماھىرلىرىدىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، تۆۋەن كىرىملىك 26 كەنت ئاھالىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 200 مودىن ئارتۇق يەرگە كىراخمال ئىشلىنىدىغان ياغيۇ تېرىپ كىرىمنى كۆپەيتتى.

شور مەھەللە كەنتىدىكى ھەممە ئائىلە سۈت كالىسى باقاتتى، ئەمما ھەممىسى تارقاق باقىدىغان بولغاچقا، كۆلەملەشمىگەنىدى. خىزمەت ئەترىتى تۈر مەبلىغى ئىلتىماس قىلىپ، كەنتتىكى بەش باقمىچىلىق چوڭ ئائىلىسىنى باقمىچىلىق ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇشقا تەشكىللەپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

## سەممىي ياردەم بېرىش، يۆلەش كۆڭۈلدىكى تۈگۈننى يەشتى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز سۇڭ ياۋېن

«ئىنىم ياردەم بېرىشتىن ئىلگىرى، باقمىچىلىق قىلىش ئىرجىل كۆڭلۈمدىكى بىر ‹تۈگۈن› ئىدى» دېدى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى جىڭ ناھىيەسى تولى بازىرى چاغانمورگىن كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى نۇر سوپاخۇن مۇخبىرغا.

نۇر تىلغا ئالغان ئىنىسى جىڭ ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى خې جيەنشىن ئىدى. 2018 ـ يىلى 2 ـ ئايدا 53 ياشلىق خې جيەنشىن نۇر بىلەن قوشماقلىشىپ تۇغقانلاشقان، «تۇغقان بولغان ئىكەنمىز، بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، مەن ئامال قىلىپ ئاكامنى تېخىمۇ ياخشى تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمەن».

ئەينى چاغدا، نۇر ئۆيدە ئاغرىقچان خوتۇنىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى، ئۆزىمۇ ئېغىر رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان بولۇپ، مېڭىشى قولايسىز ئىدى. ئەر ـ خوتۇن 12 مو يەرنىڭ ھۆددىگەرلىك ھەققى ۋە ھۆكۈمەت ياردەم تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە تارقىتىپ بەرگەن ئىككى تۇياق نامراتلارنى يۆلەش كالىسىغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى.

خې جيەنشىن نۇر ئائىلىسىنىڭ بىر مودىن كۆپرەك ھويلىسىنىڭ تاشلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، مېۋىلىك كۆچەت تىكىش، كۆكتات تېرىش ۋە توخۇ بېقىشقا تايىنىپ، ئۇنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئويلىدى. نۇر توخۇ بېقىش دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، توختىماي بېشىنى چايقىدى، «مەن ئىلگىرى باشقىلارنىڭ چارۋىسىنى باقاتتىم، كالا قوتىنىنىڭ يېنىدىكى بوش يەردە 800دىن ئارتۇق توخۇ باققاندىم،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## شىنجاڭ خىمىيەۋى ئوغۇت، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى چىڭ تۇتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر لى جىخاۋ) مۇخبىرنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، 2020 ـ يىلى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدە خىمىيەۋى ئوغۇتتىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى 40%تىن ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىنىدىكەن ھەم 2019 ـ يىلدىكى ئاساستا خىمىيەۋى ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ مەنپىي ئېشىشى داۋاملىق ساقلىنىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سولياۋ يوپۇق ئىشلىتىش مىقدارى، قاپلاش كۆلىمىنىڭ نۆل ئېشىشى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇلىدىكەن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团


«1 ـ ماي»دىكى ياخشى پەيتلەردىن ئورتاق بەھرىلىنىش

ئاساسنى پۇختىلاش  ئىچكى گۈمىنى ياخشى يېتىلدۈرۈش  مۇلازىمەتتە يېڭىلىق يارىتىش

# شىنجاڭ ساياھەتچىلىكىدە سۈپەت ئۆستۈرۈلۈپ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇلدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز رېن جياڭ، ياۋ گاڭ

«قار ـ مۇزلار ئېرىپ، تاغ گۈللىرى ئېچىلدى، قاناس مەنزىرە رايونى تۈركۈم ـ تۈركۈم ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى» «ئالتايلىقلار پويىزىغا ئولتۇرۇپ بۇرۇلتوقاينى ساياھەت قىلدى» «كۆكتوقايدىكى بىر كۈنلۈك ئائىلىۋى ساياھەت› دۇنيا گېئولوگىيە باغچىسىغا كىرىلىك»... 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئالتاي ۋىلايىتىدىكى تۈرلۈك ساياھەت خەۋەرلىرى «تورنى قاپلىدى».

«1 ـ ماي» مەزگىلىدە، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ھەرقايسى مەنزىرە رايونلىرى دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈش شەرتىدە، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، كەسىپ ھالىتىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى تولۇقلىدى، ھازىر، شىنجاڭ ئىچكى ساياھىتى «باشلىنىپ كەتتى» «يۈرۈشۈپ كەتتى» «قىزىپ كەتتى». ھازىرغىچە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى A دەرىجىلىك 440 ساياھەت مەنزىرە رايونىنىڭ ئېچىۋېتىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش نىسبىتى 83.9%كە، پۈتۈن شىنجاڭدىكى 585 ساياھەت كوپېراتىپىنىڭ ئىشنى،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



تاغ گۈللىرى ئېچىلىپ ساياھەتچىلەرنى كۈتۈۋالدى | 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر چاغانتوقاي ناھىيەسىنىڭ بارلۇق تېغى مەنزىرە رايونىدا گۈل سەيلىسى قىلىپ، دەم ئېلىش چاغلىرىدىن ھۇزۇرلانماقتا. □ ياڭ خۋاگۋاڭ فوتوسى

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلاملىرىدىكى ئەمگەكچىلەر ئادەتتىكى ئىش ئورۇنلىرىدا ئۈزلۈكسىز قالتىس ھېكايىلەرنى يازدى ——

# ئەمگەك شەرەپلىك  كۈرەش قىلىش ئەڭ گۈزەل

ئەمگەكچىلەرگە ئېھتىرام بىلدۈرىمىز

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ گاڭ، لياڭ لىخۇا، يۈ شى

«1 ـ ماي» ئەمگەكچىلەرنىڭ بايرىمى. تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر ساھە، ھەر كەسىپلەردىكى نۇرغۇنلىغان ئەمگەكچىلەر ئىش ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئۈن ـ تىنسىز ئەجىر سىڭدۈرۈپ، تەر ۋە جاپالىق ئەمگىكى ئارقىلىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا، ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى تەقدىم قىلدى.

«1 ـ ماي»لىق دەم ئېلىش مەزگىلىدە جۇڭگو ياشلار ساياھەت كوپېراتىپى شىنجاڭ خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپىنىڭ ساياھەت يېتەكچىسى ئېرتاي يېنىبېك ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 6دىن ئاشقاندا، ئۇ بېيتۈن ۋوگزالىغا كېلىپ ساياھەتچىلەرنىڭ ۋوگزالدىن چىقىشىنى كۈتتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

كىچىك كەنت ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى جانلاندۇردى ——

## «ئالىقانچىلىك يەر»نى كىرىمنى ئاشۇرۇش باغچىسىغا ئايلاندۇردى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋ

«قاراڭ، ھويلام نېمىدېگەن رەتلىك، پاكىز، يەنە كۆكتات تېرىدىم، قوي، كالا باقتىم، بۇ يىل ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن 15 مىڭ يۈەن كىرىم قىلىشنى مۆلچەرلەۋاتىمەن» دېدى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۆچەك شەھىرىدىن بۇرۇن قاغىلىق ناھىيەسى تۇگچى يېزىسى ئوتتۇرا قۇمبا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى تۇخان ھسامىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا.

ئوتتۇرا قۇمبا كەنتىدە جەمئىي 343 ئائىلىلىك 1430 ئاھالە بار بولۇپ، ھەممە ئائىلىنىڭ خېلى چوڭ كۆلەمدىكى ھويلا ـ ئارانى بار، لېكىن ئىلگىرى ئۆيىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كېرەكسىز نەرسىلەر دۆۋىلىنىپ تۇرغاچقا، يەردىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس ئىدى. 2016 ـ يىلى بۇ كەنت كەنت قىياپىتىنى تۈزەشنى باشلاپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ئۆز ئارزۇسى بويىچە ھويلا ـ ئارانلىرىنى پىلانلاشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، خاس مېۋىلىك دەرەخ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## پۇقرالارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا يېتىپ، بارلىق ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش

سۆز ھەممىگە

□ جاڭ بېي

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈندىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە خەۋەر قىلىنىشىچە، 1 ـ پەسىلدە ئاپتونوم رايونىمىز 2 مىليارد 180 مىليون يۈەن قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغى ئاجرىتىپ، شەھەر ـ يېزا تۆۋەن كاپالىتى، يېتىم بالىلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، بېقىش، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، سەرگەردان ـ تىلەمچىلەرنى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشكە بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىشلەتكەن. بۇ 2 مىليارد 180 مىليون يۈەنگە قويۇق خەلق تۇرمۇشى ھېسسىياتى سىڭدۈرۈلگەن.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)